ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئەمگەكچان - ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇستۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە گۈزەل مەنىۋىيىتى، ئىستەك خاھىشلىرى، تارىخىي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن كېلىپ چىققان مۇھەببەت - نەپرەتلىرى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مۇزىكا، بەدىئىي، ئەدەبىيات ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇ - خىل شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداق مۇزىكا ئەسىرى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەسەر بولغاچقا «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر. مۇقاملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر. مۇقاملار كۆپلىگەن ماكان ۋە بىرقانچە زاماندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان بەستىكارلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق مۇزىكىسىدۇر.

بۇ قېتىم ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىپ قايتا رەتلەنگەن، تولۇقلانغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى مۇقام 360 ئاھاڭ، 3435 مىسرادىن تەركىب تاپقان ھەمدە ئۇ يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستانلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە خەلق قوشاق - بېيىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



**ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك دۇردانىلىرى ئىنزىقى؛**

**مۇقام تېكىستلىرىنى دەسلەپ كىتابقا پۈتكەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى.**

**ـ ئاپتور.**

ئاپتور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي 1950- يىل 11- ئاينىڭ 1- كۈنى قەشقەر شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1975- يىلدىن باشلاپ، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. هازىر ئۇ مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تەتقىقات، ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» (1993- يىل)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسى» (1995- يىل)، «كور خېرىدار» (1989 - يىل)، «ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق» (1997- يىل)، ««مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين› دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين›غىچە» (2002- يىل)، «ھەق ۋە ھوقۇق مەرىپىتى ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇل تېشى» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچىمىنى بېكىتىش ھەققىدە» (2005- يىل)، «بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» (1993- يىل)، «ئەممە پارە تەپسىرى» (2003- يىل) قاتارلىقلار بار.

يېشـــمى: چـــراي قياشـــنى ئېچـــىپ، پـــراقـــدا كـــۆپ يـــغـــلاپ ياشلـــرى قۇريـــغان كـــۆزنى ۋەسلـــى بـــلـەنمۇ بـــر قېتـــم يـــغلات.

بـــر ئاھ ئـــلـه كۇل بولـدۇم، ئەي چەرخ، تـــلـەپ تاپـــپ،
فەرھاد ئـــلـه مەجنۇنغا ئاشـقـلـق ئـــشـــن ئۆرگات.

يېشـــمى: ئەي پەلەك، ئاشـقـلـنى تـــلـەپ تېپـــپ، بـــر ئاھ بـــلـەن كۇلگە ئايلاندـــم، ئەمـــدى پـــەرھاد بـــلـەن مەجنۇنغا ئاشـقـنـــك قانداق بولـدـغانلـقـنى ئۆگـتـــپ قويغـــن.

خاره تۇبـــده ياتقۇڭ، يوق سۇد ئەگەر يۈز يـــل،
كۆك ئەتلەسى ئۈستـده جـسـمـڭنى ياتـــپ ئاغنات.

يېشـــمى: ئەگەر كۆكـــنـــك ئەتلـــسى ئۈستـــده يۈز يـــل ئېغـــناپ ياتقـــنـــڭدـــن پايدا چـــقـــمـــسا، تـــاش تۇۋـــده ياتقـــنـــك ياخشى.

بەزم ئـــچره، نەۋائـــي، كۆپ يـــغلار ئەسە، ئەي ساقـــي،
ھۇش ئەلـتـكۈچى دارۇنى جامـغا ئانـــك چايقات.

يېشـــــمى: ئـــــەي ساقـــــي، بەزمـــــده نەۋائـــــي كـــــۆپ يـــــغلاپ كەتـــــسە، ئۇنـــــك قەدىـھـــــگە ھۇشسـزلاندۇرغۇچى دورىنى سېلـــپ چايقـۋەتكـــن.

## چوك سەلـقه

سەنـــك جانـــك، مەنـــك جانـــم بـــر جان ئەمەسمۇ؟
سەنـــك ئۈچۈن مەنـــك جانـــم قۇربان ئەمەسمۇ؟

يېشـــمى: سېنـــك جېنـــك مېنـــك جېنـــم بـــر جان ئەمەسمۇ، سېنـــك ئۈچۈن مېنـــك جېنـــم قۇربان ئەمەسمۇ؟

سەنى دەدـــم، سەنى دەدـــم، كەچتـــم بۇ جانـــدـــن،
يۈرەك - باغرـــم پاره - پاره، كۆز ياشـــم ئانـــدـــن.

يېشـــمى: سېنى دەپ بۇ جانـــدـــن كەچتـــم، يۈرەك - باغرـــم پاره - پاره بولـــدى، كـــۆز يېشـــم تـــېخـــمۇ كۆپ تۆكۈلـــدـغان بولـــدى.

يارنـــك يۆلەكى ياردـــن، يارى بولساما قايدـــن،
غۇنچە بويلارى زىـلـۋا، شـــرـــن سۆزلەرى ئانـــدـــن.

يېشـــمى: دوستـــنى دوست قوللايدۇ، دوستى بولـمـــسا، قانداق قـلـــدۇ؟ غۇنچـــدەك خۇشـپـــچـــم بـــويى زىـلـۋا، شېـرـــن سۆزلـــرى بولسا، تـــېخـــمۇ مەپتۇن قـــلارلـــق.

يارـــمـنـــك بويى زىـلـۋا، زىـلـۋا بويـــدا گۇل بار،

ئىشقىڭ ئوتىدا كۆيگەلى كەلدىم،
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم.
يېشىمى: ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگىلى، ئىشق ئوتۇڭدا كۆيگىلى كەلدىم.

سەۋدايى زۈلفۇڭ تۇشتى باشىمغا،
سەندىن دەۋاسىن سورغالى كەلدىم.
يېشىمى: بېشىمغا چېچىڭنىڭ سەۋداسى چۈشتى، سەندىن شىپالىق سوراپ كەلدىم.

بەھرىڭگە كىردىم غەۋۋاسى بولاي دەپ،
بىر دۇررى مەقسۇد ئالغالى كەلدىم.
يېشىمى: غەۋۋاس بولۇپ دېڭىزىڭغا چۈشتۈم، بىر مەقسەت ئۈنچىسىنى سۈزۈپ ئالغىلى كەلدىم.

مەندىن سوراساڭ، ئەي گۈلئۈزارىم،
مەھۋى جامالىڭ بولغالى كەلدىم.
يېشىمى: ئەي گۈل يۈزلۈكۈم، مەندىن سورىساڭ، جامالىڭنىڭ ھەيرانىسى بولاي دەپ كەلدىم.

كۆردۈم جەمالىڭ كەتتىم ئۆزۈمدىن،
مەجنۇنى شەيدا بولغالى كەلدىم.
يېشىمى: جامالىڭنى كۆرۈپ ئۆزۈمدىن كەتتىم، ساڭا كۆيگەن شەيدا مەجنۇن بولغىلى كەلدىم.

ساقىي قەدەھنى قىلغىل مۇھەييا،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكەلى كەلدىم.
يېشىمى: ساقىي، قەدەھنى تەييارلا، بىرلىك (ۋەھدەت) شارابىدىن ئىچكىلى كەلدىم.

رەھمەت ئىشىكىن مەشرەبكە ئاچغىل،
ئىشقىڭ كويىدا ئۆلگەلى كەلدىم.
يېشىمى: مەشرەبكە رەھمەتلىك بولۇش ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگىن، ئىشقىڭنىڭ كوچىسىدا ئۆلگىلى كەلدىم.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ئەيلەدىڭ، يا رەب، مەنى بىدىلنى جانانىدىن جۇدا،
ياخشىراق ئەردى بۇ كىم قىلغاي ئىدىڭ جانىدىن جۇدا.

ۋاي، ئاللاھ يەي، دوست ئاللاھ يەي،
ۋاي، ئاتەش كۆزلۈك جانانىم.

ئاي بولدى يىلمۇ بولدى،
سەنىڭ ئوتۇڭدا كۆيگەلى.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەب،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى.

يېشىمى: سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيۈۋاتقىنىمغا ئاي توشۇپ، يىلمۇ بولۇپ قالدى. ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرۈشكە ئەجەبمۇ ئىنتىزار بولدۇم.

ياھۇ، يارەي، ئاللاھ يەي،
ئا، بىر گۈل يارەي، ئاللاھ يەي.
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم،
جانانىمەي، ئاللاھ يەي،
ۋاي، ئاللاھ يەي، دوست ئاللاھ يەي،
ۋاي، ئاتەش كۆزلۈك جانانىم.

ئاللاھ، ئاتىم سەمرىمەيدۇر،
ئەگىز ئوتىدا،
يۈرەك - باغرىم پارە بولدى،
يارنىڭ ئوتىدا.

يېشىمى: ئاللاھ، ئېگىزلىقتىكى ئوت بىلەن ئېتىم سەمرىمەيدۇ؛ يارنىڭ ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولدى.

ئاللاھ، يارىم جەمالىڭدىن،
بولدۇم ۋەيرانە.
ئىشق ئوتى يامان ئەكەن،
قىلدى دىۋانە.

يېشىمى: ئاللاھ، ئەي يارىم، جامالىڭنى كۆرگەندىن بۇيان، ئىشق - مۇھەببەت ئوتۇڭدا ۋەيران بولدۇم؛ ئىشق ئوتى دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىكەن، مېنى مەجبۇن قىلىۋەتتى.

ياھۇ، يارەي، ئاللاھ يەي،
ئا، بىر گۈل يارەي، ئاللاھ يەي.
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم،
جانانىمەي، ئاللاھ يەي،
ۋاي، ئاللاھ يەي، دوست ئاللاھ يەي،

يېشــــمى: مەشھۇرلــىــنى بۇنــداق ســەرگەردان ھالــەتتــە كۆرگەنلــەر ئــۈنى «غەمگــە تولغــان بــۇ جاھانىدىكى غېرىب ۋە يوقسۇل» دېيىشىدۇ.

## ئىككىنچى مەشرەپ

## بىرىنچى ئاھاك

ئەي پەرىزادى زامانىم، جان بىلە قۇل مەن ساڭا،
گۈلشەنى ھۆسنۈڭداقى بىر دەستە سۈنبۇل مەن ساڭا.
يېشىمى: ئەي زامانىمنىڭ پەرىزاتى، مەن جان - دىلىم بىلەن ساڭا قۇلمەن؛ ھۆسن - جامال گۈلشىنىڭدىكى بىر دەستە سۈنبۈلۈڭمەن.

ئەي گۈلى گۈلزارى جەننەت دىلبەرى ساھىب جەمال،
گۈل يۈزۈڭنىڭ ئوتىدا بىر خەستە بۇلبۇل مەن ساڭا.
يېشىمى: ئەي جەننەت گۈلزارىنىڭ گۈلى بولغان گۈزەللىك ساھىبى دىلبەر، مەن گۈل يۈزۈڭنىڭ ئوتىدا كۆيگەن بىر بىمار بۇلبۇلۇڭمەن.

باردۇر ھۆسنۈڭ سەنىڭ بىلقىسۇ يۈسۈفدىن فۇزۇن،
مەي ئىچەر بولساڭ، نىگارا، ساغەرى مۇل مەن ساڭا.
يېشىمى: سەن بىلقىس ۋە يۈسۈپلەردىنمۇ بەك گۈزەلسەن. ئەي نازىنىن، مەي ئىچەر ۋاقتىڭدا قەدەھىڭ بولسام دەيمەن.

ياستانىپمەن ئىشىكىڭنى جانۇ دىل بىرلە مۇدام،
ساقلاساڭ قۇل مەن ساڭا، گەر خەرجلەرسەڭ پۇل مەن ساڭا.
يېشىمى: ئىشىكىڭنى ھەمىشە جان - دىل بىلەن قوغداپ، ساقلاپ تۇرىمەن؛ ساقلىساڭ قۇلۇڭمەن، خەجلىسەڭ پۇلۇڭ.

قىل قەلەمدەرغە، نىگارا، لۇتفىدىن بىر ئىلتىفات،
مۇددەتى بولۇپدۇرۇر، ئەي دىلرەبا، قۇلمەن ساڭا.
يېشىمى: ئەي دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى، قەلەندەر ئۆزۈڭدىن بىرى سېنىڭ قۇلۇڭ بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىپ بىرەر قېتىم ئىلتىپات كۆرسەت.

## ئىككىنچى ئاھاك

ئەرزىم ئىشتىكىل، ئەي با لەتافەت،

ياخشى، يامانغا ئەفسانە بولدۇم.

يېشىمى: جاھاندا رەسۋايى ئەلەم بولدۇم، ياخشى - ياماننىڭ ھەممىسىگە سۆز - چۆچەك بولۇپ بەردىم.

كەۋسەر شەرابى يادىمغە كەلمەس،

لەئلىڭ غەمىدىن مەستانە بولدۇم.

يېشىمى: ياقۇتتەك لېۋىڭ غېمى بىلەن مەست بولغانلىقىم ئۈچۈن، كەۋسەر شارابى يادىمغىمۇ كەلمەيدۇ.

يۇمدۇم كۆزۈمنى سەندىن بۆلەكدىن،

كەچتىم باردىن رىندانە بولدۇم.

يېشىمى: سەندىن باشقىغا قارايدىغان كۆزۈممۇ يوق، ھەممىدىن كەچتىم، مانا شۇنداق باتۇر بولدۇم.

ئىشقىڭ مەيىگە پۇر بولدى جىسمىم،

ھەم ساقيي ھەم مەي، پەيمانە بولدۇم.

يېشىمى: ۋۇجۇدۇم ئىشقىڭ شارابىغا پۈركەندى: شۇ تاپتا ھەم ساقيي، ھەم مەي، ھەم قەدەھ بولدۇم.

بىر قەترە ئەردىم، چۆكتۈم تەڭىزگە،

كىردىم سەدەفكە دۇردانە بولدۇم.

يېشىمى: مەن بىر تامچە ئىدىم، دېڭىزغا چۆكتۈم، سەدەپكە كىردىم - دە، مەرۋايىت ۋانىسىغا ئايلاندىم.

كۆردۈرمەسە ئوت بولماس يىغاچ چوغ،

ئىشق ئوتى بىرلە ھەمخانە بولدۇم.

يېشىمى: ئوت كۆيدۈرمىسە ياغاچ چوغقا ئايلىنالمايدۇ، شۇ تاپتا ئىشق ئوتى بىلەن بىر يەردە بولدۇم.

بولدۇم فەنا مەن تۇفراغ ئىچىدە،

بىر دانە ئەردىم، مىڭ دانە بولدۇم.

يېشىمى: تۇپراق ئىچىگە كۆمۈلدۈم. بىر دانە دان ئىدىم، مىڭ دانە بولدۇم.

ئەۋۋەل ئوتىدا بۇد ئولدى نابۇد،

جان جانغا كىردى، جانانە بولدۇم.

يېشىمى: دەسلەپ ئۇنىڭ ئوتىدا بارلىقىم نابۇت بولدى. كېيىن جان جانغا قوشۇلۇپ كەتتى، جانانغا ئايلاندىم.

يېشىمى: باھار بولدى، گۈل ئېچىلدى، مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟ بۇلبۇل قېنى كۆپ چېچىلدى، مېنىڭ قېنىم چېچىلماسمۇ؟

ئەمدى مەندىن دەۋلەت كەتتى،
رەقىبلەرغە نەۋبەت يەتتى.
خەبەرىم يوق گۈل ئاچىلدى،
مەنىڭ گۈلۈم ئاچىلماسمۇ.

يېشىمى: ئەمدى مەندىن بەخت - دۆلەت كەتتى، رەقىپلەرگە نۆۋەت كەلدى. ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى، مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

يارىم يۈرگەن باغلار قالدى،
باغ ئىچىندە زاغلار قالدى،
يۈرەكلەردە داغلار قالدى،
يەنە شەراب ئىچىلمەسمۇ.

يېشىمى: يارىم يۈرگەن باغلار قالدى، باغى ئىچىدە قاغا - قۇزغۇنلار قالدى. يۈرەكلەردە داغلار قالدى، يەنە شاراپ ئىچىلمەسمۇ؟

سەنەم دەر: ئۆمرۈم سەيقەلى،
كەلدى مۇھەببەت بۇلبۇلى،
ئاچىلدى باغلارنىڭ گۈلى،
مەنىڭ گۈلۈم ئاچىلماسمۇ.

يېشىمى: سەنەم ئېيتىدۇ: ئۆمرۈمنىڭ شەنىگە مۇھەببەت بۇلبۇلى كەلدى، باغلارنىڭ گۈللىرى ئېچىلدى، ئەمدى مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

## ئىككىنچى داستان

مۇندى كەتەر بولدۇق زالىم ئاغالار،
ھەرنە كۆرگەنىڭنى بەيان دەگەيسەن.
يالغۇز ھەمراھ قالدى چاھنىڭ ئىچىندە،
ئۆلگەنى يوق، ئەسەن - ئەمان دەگەيسەن.

يېشىمى: زالىم ئاكىلار بۇ يەردىن كېتىدىغان بولدۇقلار. كۆرگەنلىرىڭلارنى سۆزلەپ بەرگەيسىلەر. «يالغۇزلا ھەمراھ قۇدۇقنىڭ ئىچىدە قالدى، ئۇ تىخى ھايات، ئامان - ئېسەن» دېگەيسىلەر.

نە يامان سەۋداغا قالىپدۇر باشىم،
يەگەنىم، - ئىچكەنىم - زەھردۇر ئاشىم،

## چوڭ سەلىقە

جانا، يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم،
شەكەر لەبىڭنى سۆيگەلى كەلدىم.
يېشىمى: ئەي جان، جامالىڭنى كۆرگىلى، شېكەر لېۋىڭگە سۆيگىلى كەلدىم.

ئەي خاجەئى ھۆسن، بەندەڭ بولايىن،
قۇلدەك ئىشىكدە تۇرغالى كەلدىم.
يېشىمى: ئەي ھۆسن - جامال، خوجىسى ساڭا قۇل بولاي، ئىشىكتە قۇلدەك تۇراي، دەپ كەلدىم.

ئۈچرادى ناگاھ ئەھلى مۇھەببەت،
قىيمەن بەھانى ئالغالى كەلدىم.
يېشىمى: توساتتىن مۇھەببەتنى بىلىدىغان يار ئۇچراپ قالدى، ئاشىقلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى باھانى ئالغىلى كەلدىم.

مەشرەبكە تەگسە بىر كاسەئى دەرۋان،
بەش كۈن جەھاندا تۇرغالى كەلدىم.
يېشىمى: مەشرەبكە دەۋرنىڭ بىر قەدەھ شارابى تەگسە كۇپايە، بۇ جاھاندا بەش كۈن تۇرغىلى كەلدىم.

## كىچىك سەلىقە

## بىرىنچى ئاھاڭ

يولدا بىر مەھۋەشنى كۆردۈم ئۆزگەچە رەفتارى بار،
باشىدا گۈلگۈن جەلاسى، ئۆشنىدە زۇننارى بار.
يېشىمى: يولدا شۇنداق بىر ئايجامالنى كۆردۈمكى، ئۇ بېشىغا گۈل رەڭلىك قالپاق كىيگەن، بوينىغا زۇننار ئاسقان ھالدا چىرايلىق مېڭىپ كېتىۋاتاتتى.

قەتلىئام ئەيلەرگە چىقمىش يانىغا باغلاپ قىلىچ،
ئەڭنىگە كىيگەن غەزەبدىن چەكمەنى گۈلنارى بار.
يېشىمى: ئۇ غەزەپتىن پۇتكەن قىزىل چەكمەن كىيىپ، يېنىغا قىلىچ ئاسقىنىغا قارىغاندا، قەتلىئام قىلغىلى چىققان ئوخشايدۇ.

دەم بەدەم ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن كۈل قىلغالى،

ھەق يولىدا جان كەچىپ بىر جۇستىجۇيى قىلمادىم،

تەۋبە سۆيىدىن تەنىمنى شۇستىشۇيى قىلمادىم.

يېشىمى: ھەق يولىدا جان تىكىپ ئىزدىنەلمىدىم، تىوۋا سۈيى بىلەن تېنىمنى يۇيۇپ پاكلىيالمىدىم.

ۋاھ، نەچۇك مەقبۇل بولغاي بۇ نەمازىمكىم مەنىڭ،

چۈنكى خۇنامى جىگەر بىرلە ۋۇزۇيى قىلمادىم.

يېشىمى: ئاھ، بۇ نامىزىم قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن، چۈنكى سۇ ئورنىدا جىگەر قېنىم بىلەن تاھارەت ئالالمىدىم.

ئۆتدى ئۆمرۈم دۇنيانىڭ مەسلەھەتىدىن، ۋادەرىغ!

ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر تار مۇيى قىلمادىم.

يېشىمى: ۋاي ئېست، ئۆمرۈم بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى، ئاخىرەت ئۈچۈن، قىلچىلىكمۇ تەييارلىق قىلالمىدىم.

كەچەلەر خەسە كۆڭۈل غەمكىن ئۆلۈم قورقۇنچىدىن،

كۆز ياشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابرويى قىلمادىم.

يېشىمى: جاراھەتلەنگەن كۆڭلۈم كېچىلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن غەمگە چۆمۈش بىلەن ئۆتتى، كۆز ياشلىرىم بىلەن ئىبادەت قىلىپ، يۈزۈمنى يورۇق (ئۆزەمنى ئابرويلۇق) قىلالمىدىم.

ئەي رەشىدىي، سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دەمە،

ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھايى - ھۇيى قىلمادىم.

يېشىمى: ئەي رەشىدىي، سەن ئۆزۈڭنى ھېچ نېمىدىن ھېچ نېمە يوقلا ئاشىق دەۋالما، چۈنكى ئىشق مەيدانىدا بىرەر قېتىم «ھاي - ھۇي» دېگۈدەك ئىش قىلىپ باقمىدىڭ.

## ئىككىنچى مەشرەب

يانە ياز بولدىيۇ تاپتى بوستان نەشۋۇ نەما،

ئەي نەسىمى روھپەرۋەر، خەيرى مەقدەم، بەرھەبا.

يېشىمى: يەنە ياز كەلدى، بوستاندا ھاياتلىق ئويغاندى؛ ئەي جان بېغىشلىغۇچى باھار شامىلى، قۇتلۇق قەدىمىڭگە مەرھابا.

ئەمدى خۇشتۇر ماھپەيكەلەر بىلە گۈلگەشتىكىم،

باغى رىزۋانتەك چەمەن بولدى لەتىفۇ جانفىزا.

دوستلارنىڭ سۆھبەتىدە نە خۇش ئولغاي بەھسى شېئر،
تا بىلىنگەي ھەر كىشىنىڭ تەبئى بىرلە ھالەتى.
يېشىمى: دوستلار سۆھبىتى ئىچىدە مۇشائىرە شۇنداق پەيزى بولىدۇكى، ئۇنىڭدا ھەر بىر ئادەمنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىچكى تۇيغۇسى مەلۇم بولىدۇ.

گەر بۇ ئۈچ ئىشنى مۇۋاپىق تاپساڭ ئول ئۈچ ۋاقت ئىلە،
مۇندىن ئارتۇق ئولماغاي، بابۇر، جەھاننىڭ ئىشرەتى.
يېشىمى: ئەگەر بۇ ئۈچ ئىشنى جاي - جايىدا ۋە ۋاقتى - ۋاقتىدا بىجىرەلىسەڭ، ئەۋ بابۇر، جاھاندا بۇنى بىسىپ چۈشىدىغان پەيزى ياشام بولمايدۇ - جۇمۇ!

## ئىككىنچى مەشرەب

نە خۇش گۇندۇز، مۇساھىبلەر، كىشى جانىغا يەتسە،
چەكىپ جەبرۇ جەفالارنى كۆزى مەستانىغا يەتسە.
يېشىمى: دوستلار، كىشى جانىغا ئېرىشسە، جەبىر - جاپالار بەدىلىگە كۆزى مەشۇقىغا تويسا، بۇ كۈن نېمە دېگەن گۈزەل - ھە!

چەكىپ رەنجۇ مۇشەققەتلەر، كى ئىشق يولىدا كۆلفەتلەر،
كۆرۈپ يۈزمىڭ مەلامەتلەر، كۆڭۈل ئارامىغا يەتسە.
يېشىمى: مۇھەببەت يولىدا جاپا - مۇشەققەتلەر چېكىپ، يۈز مىڭ خىل ئەيىپلەشلەرنى ئاڭلاپ، ئاخىرىدا، كۆڭۈل ئارمىغا يەتسە.

فەلەك ئۇرسا ئاڭ شەبخۇن، يىقىلسا باشىمغا گەردۇن،
بولۇپ دەردۇ غەمى ئەفزۇن، يەنە دەرمانىغا يەتسە.
يېشىمى: پەلەك ئۇنىڭغا كېچىلىك ھۇجۇم قوزغىسا، ئاسمان ئۇنىڭ بېشىغا كۆمۈرۈلۈپ چۈشسە، ھەتتا دەرد - غېمى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، ئاخىرىدا، يار ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا.

دىلۇ جانى جەراب بولسا، كۆيۈپ باغرى كەباب بولسا،
يەنە ھەر كۈن ئەزاب بولسا نە ئەرمان يارىغا يەتسە.
يېشىمى: باغرى كاۋاپتەك كۆيسە، يۈرىكى ۋە جېنى خاراپ بولسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئۇستىلەپ ئازاپ بولسىمۇ، يار ۋەسلىگە يەتسە، يەنە نېمە ئارمىنى قالىدۇ؟

يۇسۇفدۇر بىر گۈزەل بەرنا، زىلەيخادۇر قەددى زىبا،
بولۇپ بۇلبۇل ئۆزى شەيدا، گۇلى خەندانىغا يەتسە.

كەچەلەر ئاھستە بول، يانىڭدا بىر بىدارىي بار.

يېشىمى: كۆندۈزى گەپ قىلساڭ، دەسلەپ ئەتراپقا باق؛ كېچىدە گەپ قىلساڭ، ئېغىزنى قۇلاققا ياق: ئەگەر يېنىڭدا بىرەر ئويغاق بولۇپ قالسا.

خەندە قىلغان بىرلە ھەركىم سەن ئاڭا بولسا فىرىب،
گۈل ئاچىلغان بىرلە ئانىڭ يانىدا بىر خارى بار.

يېشىمى: بىراۋ ساڭا قاراپ كۈلۈپلا قويسا، ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالما؛ ھەزەر قىلكى ئېچىلغان گۈلۈنىڭ يېنىدا تىكىنى بولىدۇ.

گۈل ئۇچۇن بۇلبۇل ھەمىشە جاننى ئيسار ئەتەر،
ئاقىبەت بۇلبۇلنىڭ ھەم بىر خاردىن ئازارى بار.

يېشىمى: بۇلبۇل گۈل ئۇچۇن دائىم جېنىنى پىدا قىلسىمۇ، ئاقىۋەتتە بۇلبۇلغىمۇ بىرەر تىكەندىن ئازار يەتمەي قالمايدۇ.

دانىشىڭغا بولما مەغرۇر، ئەي فۇلان ئىبنى فۇلان،
بۇ جەھان سەھنىدە سەندەك يۈز تۈمەن ھۇشيارىي بار.

يېشىمى: ئەي پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، بىلىمىڭ ۋە ئەقلىڭگە مەغرۇرلانما، بۇ جاھانىنىڭ سەھنىسىدە سەندەك يۈز تۈمەن ئەقىللىق بار.

سەن كۆڭۈلدىن ھەر زامان باتىل خەيالىڭنى چىقار،
خەيرىيەت ئەندىشە قىلغىل، ساھىبى ئەسرارى بار.

يېشىمى: كۆڭلۈڭنى بۇزۇق خىياللاردىن ھەمىشە تازىلاپ تۇرغىن، ياخشىلىق قىلىشنى، پۈتكۈل سىر - ئەسرارلارنىڭ ساھىبى بارلىقىنى ئويلا.

## كىچىك سەلىقە چۇشۇرگىسى

ئەي زۇمۇررەد، بىر خۇدادىن ئۆزگەنى تۇتما ئۇمىد،
ھەقدىن ئۆزگە قايدا بارساڭ بىر بۇزۇق دىيۋارى بار.

يېشىمى: ئەي زۇمۇررەد، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن ئۇمىد كۈتمە، ھەقتەئالادىن باشقا نەگىلا بارساڭ، بىر ۋايرانىلىقتۇر.

## پىشرەۋ

ئەي گۈلۈم، ئەي سۈنبۈلۈم، ئەي سەۋسەنىم، ئەي ئەنبەرىم،
ئەي مەنىم نۇقلىم يەنە ھەببىم، نەباتۇ شەكەرىم.

يېشىمى: مەككار دۇنيا مېنى سەندىن ئايرىۋەتكەندى، شۇڭا ئەمدى ئۇنىڭدىن كۆڭلۈمنى سوۇغۇتقىن.

سەندىن بۆلەكنى ھەرگىز دەمەسمەن،
ۋەللاھۇ، بىللاھ سۆزۈمگە بىتكىل.
يېشىمى: سەندىن ئۆزگىنى ھەرگىز سۆيمەيمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سۆزۈمگە ئىشەنگىن.

مېھمانىڭ ئولدى بۇ تۈن ھۇۋەيدا،
كۆڭلىنى ئاۋلاپ ياخشى كۈزەتكىل.
يېشىمى: بۇ كېچە ھۇۋەيدا سېنىڭ مېھمىنىڭ بولدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ، ياخشى كۈتىۋالغىن.

8- مۇقام ئۇشىشاق مۇقامى تېكىستلىرى چوڭ نەغمە قىسمى 202 مىسرا، تۆرت داستان 62 مىسرا، ئىككى مەشرەپ 48 مىسرا بولۇپ، جەمئىي 312 مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان.

ئالىپسەن تاقەتۇ سەبرۇ قەرارىم،
يۈرەككە تاكى قويدۇڭ داغى ھىجران.
يېشىمى: يۈرىكىمنى قاچان ھىجران دېغىدا قويدۇڭ، شۇندىن باشلاپلا، مەندىن سەۋر، تاقەت ۋە تىنچلىق دېگەنلەرنى ئېلىپ كەتتىڭ.

قەلەندەر تا تىرىكدۇر بۇ جەھاندە،
قىلۇر ۋەسفىڭ سەنىڭ، ئەي ماھى دەۋران.
يېشىمى: ئەي دەۋراننىڭ ئېيى، قەلەندەر بۇ جاھاندا ھاياتلا بولىدىكەن، سېنىڭ تەۋسىپ - تەرىپىڭنى قىلىدۇ.

## كىچىك سەلىقە چۇشۇرگىسى

دەھر ھەر چەند كۈلسە، ئەرشىي، سەن سارى بىل زەھر خەند،
بارمۇ جان قەسدىن قىلۇردىن ئىھتىمالى ئۆزگەچە.
يېشىمى: ئەي ئەرشىي، جاھان ھەرقانچە كۈلگەن بىلەن، ساڭا كەلگەندە زەھەرخەندىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ جانىنى قەستلەشتىن باشقىچە ئېھتىمالىمۇ بارمۇ؟ بۇنى بىلىپ باققىن.

## پېشرەۋ

## بىرىنچى ئاھاڭ

باغدا ئاچىلدى بىر تۈپ قىزىلگۈل،
سايرادى شاختا مەستانە بۇلبۇل.
يېشىمى: باغدا بىر تۈپ قىزىلگۈل ئېچىلدى، شېخىدا مەستانە بۇلبۇل سايرىدى.

باغدا قىزىلگۈل ھەرجايدا بولماس،
ھەرجايدا بولسا سەنىڭچە بولماس.
يېشىمى: قىزىلگۈل دېگەن باغنىڭ ھەممە يېرىدە بولىۋەرمەيدۇ، قەيەردە بولمىسۇن، ساڭا يەتمەيدۇ.

كۆردۈم يۈزۈڭنى ھەيرانە بولدۇم،
ئەقلۇ ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.
يېشىمى: يۈزۈڭنى كۆرۈپلا، سېنىڭ ھەيرانىڭ بولدۇم، ئەقىل - ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.

ھەيرانە قىلغان ئايدەك يۈزۈڭدۇر،
مەستانە قىلغان شىرىن سۆزۈڭدۇر.
يېشىمى: ھەيرانىڭ قىلغان ئايدەك يۈزۈڭدۇر، مەستانە قىلغان شېرىن سۆزۈڭدۇر.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

مەرۋايىت ئەسىل نەرسە ئىنجۇ - مارجان ئىچىدە،
يارىم ماڭا گۈل تۇتتى خەلقى ئالەم ئىچىدە.
يېشىمى: ئۈنچە - مارجان ئىچىدە، مەرۋايىت ئېسىل نەرسىدۇر. يارىم ماڭا خەلقىئالەم ئالدىدا گۈل تۇتتى.

ئەي خۇشتارمەن - ئۇ، خۇشتارمەن.
يارىم ماڭا گۈل تۇتتى خەلقى ئالەم ئىچىدە.
يېشىمى: يارىمنىڭ خەلقىئالەم ئالدىدىلا ماڭا گۈل تۇتقىنىغا بەك خۇش بولدۇم.

گۈلنى مەن ئالاي دەسەم گۈل تىكەننىڭ ئىچىدە،
گۈلگە مەيلىم بار ئەدى گۈل بەدەننىڭ ئىچىدە،.
يېشىمى: گۈلنى مەن ئۈزىۋالاي دېسەم، گۈل تىكەننىڭ ئارىسىدا تۇرۇپتۇ. گۈلبەدەنلەرنىڭ ئىچىدە، گۈلگە مەيلىم بار ئىدى.

ئەي خۇشتارمەن- ئۇ، خۇشتارمەن،
گۈلگە مەيلىم بار ئەدى گۈل بەدەننى ئىچىدە.
يېشىمى: گۈلبەدەنلەرنىڭ ئىچىدە، گۈلگە مەيلىم بار ئىدى، چۈنكى مەن ئۈنىڭغا بەك خۇشتار ئىدىم.

## ئۈچىنچى ئاھاڭ

گۈل كۆرۈپ گۈلزاردا مەن ساڭا ھىچ ئوخشاتمادىم،
تاللاپ سۆيگەن يارىمسەن باشقاغا قاش ئاتمادىم.
يېشىمى: گۈلزاردا گۈللەرنى كۆرۈپ، ھېچقايسىسىنى ساڭا ئوخشاتمىدىم. تاللاپ سۆيگەن يارىمسەن، باشقىغا قاش ئاتمادىم.

يارنى يار دەمدۇر كىشى، يامانىنى يار دەمدۇر كىشى،
ياخشى يار ياندا تۇتۇپ، يامانىنى خاھلامدۇر كىشى.

